ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

سىزنىڭ ئورنىڭىز: باشبەت » ئەدەبىيات گۈلزارى » يەتتە قىزلىرىم

يەتتە قىزلىرىم

يوللىغۇچى: ئاكادېمىيە يوللانغان ۋاقتى: 2016- يىل 23- ئىيۇن ئورنى: ئەدەبىيات گۈلزارى، تارىختىن تامچە، مىللىي مەۋجۇتلۇق

ULY gha aylandurup körüsh USY gha aylandurup körüsh UEY gha aylandurup körüsh



ھەبىبۇللا ئابلىمىت (گېرمانىيە)

شۇنداق ئەركىنلىك ئۈچۈن كۆك ئاسماننى سېتىۋېلىشنىڭ ھېچ ھاجىتى يوق، پەقەت ۋە پەقەتلا روھىمىزنى ساتمىساقلا يېتىدۇ – نېلسون ماندېلا

چىن سۇلالىسىنىڭ پادىشاسى چيەنلۇڭ (1711-1799) نىڭ ئەسكەرلىرى 1760-يىللىرى ئۇچتۇرپانغا بېسىپ كىلىپ، ئەلەنۇرخان (تارىختىكى مەشھۇر ئىپارخان) نى ئەسىرگە ئېلىپ، بېيجىڭغا ئېلىپ كېتىدۇ. پەرىزات سۈپەتلىك، ئىپار پۇرايدىغان بۇ قىز بولسا ئەمىر مۇھەممەتجان بىلەن ئەزىم ئەزىزە پاشا خېنىمنىڭ نەۋرىسى ئىدى. ئەلەنۇرخاننىڭ راھىنى ئۆزىگە ماھىل قىلىش ئۈچۈن پادىشانىڭ سارايى خوشامەتچىلىرىنىڭ پال سېلىشى بويىچە مۇشسى ئالتۇن، يوپۇرمىغا كۈمۈش، شېخى پولات ، ھىدىي ئىپار" بولغان ئۇچتۇرپاننىڭ يەرلىك جىگدە كۆچىتىنى سارايغا كۆچۈرۈش ئۈچۈن لەشكەر بېشى سۇ چىلىك بىلەن ھاكىمبەگ ئەبەيدۇللاغا پەرمان چۈشۈرىدۇ.

شۇ چاغلاردا ھاكىمبەگ ئەبەيدۇللا بىلەن ئامبال سۇ چىلىك بىرلىشىپ، خالىغانچە ئادەم ئۆلتۈرۈپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مال-مۈلكىنى بۇلاپ، خوتۇن-قىزلىرىغا باسقۇنچىلىق قىلغان بۇ زوراۋانلىقىدىن، ئۇچتۇرپان خەلقىنىڭ چىدىغۇچىلىقىغى قالمىغان ئىدى. زالىملار خەلق ئۈستىدىكى سىلىقنى كۆن-كۆچە كۆپەيتىپ، خەلقنى بىر تىرە، بىر ئۇستىخان قىلىپ قويغان ئىدى.

بۇ چاغلاردا ئۇيغۇر خوتۇن-قىزلار خاتىرجەم تالا تۈزگە چىقالمايتى. خان لەشكەرلىرى كۆرگەنلا ئاياللارغا خالىغانچە باسقۇنچىلىق قىلاتتى. بەزىدە يامۇلدا زىياپەت" نامىدا ئاياللارنى مەجبۇرى تۇتۇپ كېلىپ، ھەپتىلەپ ئاياللارنى مەجبۇرى يامۇلغا سولاۋالاتتى. نومۇس كۆچىدىن باش كۆتۈرەلمىگەن نۇرغۇن ئەرلەر ئۆزلىرىنى ئۆلتۈرۈۋالغان ئىدى.

خەلق ئىچىدە يۈز-ئابرويى بار ئىناۋەتلىك رەخمۇتوللا دىگەن كىشىنىڭ گۈلزارە دىگەن چىرايلىق ئايالىنىمۇ يامۇللاغا سولاۋىلىپ، قويۇپ بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن، رەخمۇتوللانىڭ ۋىجدانى چىدىماي، يۈرىكى ئۆرتىلىپ، قان-زەردىگە تولۇپ، پارتلاش پۈرسىتىنى كۈتۈپ تۇرغان ئىدى. دەل مۇشۇ چاغلاردا سۇ چىڭنىڭ نايناق ئوغلى سۇ لۇن بىلەن ھاكىمبەگنىڭ ئوغلى كامال ئىككىسى تاماشا ئۈچۈن ئاقسۇغا كېتىۋاتقان يولدا ، قولدا قاپاق كۆتۈرۈپ سۇغا چىققان بىر بويچىنىڭ قىزى ئانارگۈلنى كۆرۈپ قىلىپ، ئۇنىڭغا سۇ لۇن ئىسلىپ، نىيتىنى بۇزىدۇ، قىز پۈتۈن كۈچى بىلەن قارشىلىق قىلىدۇ، دەل مۇشۇ چاغدا جۇمە نامىزىدىن قايتقان جامائەت بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، ئۇ ئىككى لۈكچەكنى قاتتىق ئۇرۇپ، قىزنى قۇتقۇزۇپ قالىدۇ. بۇ ئىككى لۈكچەك مەسچىت ئىمامىنىڭ سالاسى بىلەن جىنى ئامان قىلىپ، شەھەرگە تىكىۋېتىدۇ. بۇ ئەھۋال رەخمۇتوللانىڭ قاتتىق غەزىۋىنى قوزغايدۇ چۈنكى ئانارگۈل بولسا رەخمۇتوللانىڭ ئوغلى ئامانۇللانىڭ سۆيگىنى ئىدى.

بۇ ۋەقەدىن كېيىن ئامانۇللا سەگەكلىك بىلەن ئەتراپىغا جىگەرلىك ئۇيغۇر ياشلىرىنى يىغىپ ھەر ئېھتىمالغا قارشى تەييارلىق كۆرىدۇ. ياشلارنى پالتا-كەكە، كالتەك-توخماق، قىلىچ-ئورغاقلار بىلەن قوراللاندۇرۇپ، تەييارلىق قىلىپ، قولتۇق" دىگەن تاغلىق رايونغا چىقىپ كىتىدۇ.

دەل شۇ چاغالردا خاندىن "جىگدە كۆچۈرۈش" پەرمانى يېتىپ كېلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن سۇ چىلىك ۋە ئەبەيدۇللا سۈيىقەس تۈزۈپ، بۇ ئىشقا رەخمۇتوللا بىلەن ئوغلى ئامانۇللانى ۇل قىلىپ بىكىتىدۇ. ئۇلارنىڭ مەخسىدى بۇ ئىككىسىنى بۇ ئىشقا مەشخۇل قىلىپ، يولغا سېلىۋېتىپ، ئانارگۈلنى قولغا كەلتۈرۈش ئىدى. لېكىن سەگەك ئامانۇللا بىلەن غۇل دادىسى رەخمۇتوللاغا قوزغىلاڭ قىلىش توغرۇلۇق مۇنداق خەت يازىدۇ.

قارا تاشلار زار يىغلايدۇ،
باشقا چۈشكەن دەرتلەرگە.
سەركەردە بولۇڭ ئەمدى،
جاندىن تويغان خەلقلەرگە.
جىگدىلىكتىن جەڭ باشلاپ،
شېھىت بولساق ئارمان يوق.
بۇندىن ئارتۇق چىدارىغا ،
ئەمدى بىزدە دەرمان يوق.
ئاقتۇقاينىڭ سېپىدا ،
سەلدەك ئاقسۇن قېنىمىز.
ئەركىنلىك دەپ جان بەرسەك،
سۆيۈنەمدۇ جىنىمىز.

دەل مۇشۇ ۋاقىتلاردا 1765-يىلى 2-ئاينىڭ باشلىرى ئىدى.

2-ئاينىڭ 14-كۈنى ھاشارچىلار جىگدە كۆچەتلىرىنى نەچچە يۈزلىگەن تاغارلارغا قاچىلاپ ، يولغا چىقىش ئۈچۈن توپلىشىدۇ ۋە بۇلارنى ئۇزۇتۇش ئۈچۈن كەلگەن ئايال-باللار كۆز ياشلىرىنى قىلىپ، يىغلىغان چوڭ مەيدان ئوتتۇرىسىغا بىر قامەتلىك، قەيسەر بىر كىشى زەبەردەس دەسسەپ كىلىپ، ئوت چاقنات تۇرغان ئۆتكۈر كۆزى بىلەن ھەسرەتلىك قان-ياش تۆكۈلىۋاتقان قېرىنداشلارنىڭ پەرىشان يۈزلىرىگە تەكشى نەزەر سالىدۇ. بۇ كىشى دەل رەخمۇتۇللا ئىدى.

“قېرىنداشلار! بۈگۈنكى كۈندە بىزنىڭ بىشىمىزغا چۈشۈۋاتقان زۇلۇم-كۈلپەتلەرگە سايىدىكى قارا تاشلارمۇ نالە قىلىشماقتا. بۇ زۇلۇمغا قول قوشتۇرۇپ، “لەبەي ” دەپ تۇرىۋىرەمدۇق؟ ياق، ياق! ئەمدى تاقىتىمىز تاق بولدى. بۈگۈندىن باشلاپ مەن سىلەرگە سەركەردە! بىز ئاتلىنايلى، جىگدە قاچىلانغان مالتاقلارنى ئۇرۇپ چىقىڭلار! قولۇڭلارغا قورال ئېلىڭلار! قىنى يۈرەكلىرى زەردەپكە تولغان يۇرتداشلار، قەل´ئەگە قاراپ ئالغا!” دەپ خىتاپ قىلدى.

قەھرىي-غەزىپى تېشىپ تۇرغان دېھقان يىگىتلىرى شۇئان ئاۋاز قوشۇپ، ھەركەتكە ئۆتتى. بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن خەلق قوزغۇلۇپ شۇ كۈنلا قوزغىلاڭچىلار سانى ئونمىڭغا يەتتى. بۇ تارىختىكى “جىگدە يىغلىقى” دەپ نام ئالغان شاللىق قوزغىلاڭ ئىدى.

بۇ توغرۇلۇق بىر شائىر مۇنداق يازىدۇ:

ئىلاھىم بەندىلەرنى مۇڭغا سالدى،
كۆچۈرۈپ جىگدىلەرنى تۈڭغا سالدى.
تېگىپ باشقا ھەمىشە تاياق-توقماق،
يېرىپ تەننى تۆمۈر دەررە بىلەن چوقماق.
زۇلۇم ئاشتى، ھاشار-ئالۋان كىلىپ تىز،
ئاياق ئاستى قىلدى كۆپ خوتۇن – قىز.
تۈگەپ تاقەت، ئۇنىڭغا سەۋىر-ئىمكان،
دېدۇق بولسۇن، پىدا بۇ جان، تۆكۈپ قان.

رەخمۇتۇللا سەركەردە قوزغىلاڭچىلارنى ئۈچ چوڭ لىنىيە بويىچە قەلئەگە قاراپ ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە بۇيرىدى. بۇنىڭ بىلەن قەلئەنى قورشاۋغا ئالدى. ئەتىسى قەلئەدىن ئايالچە ياسىنىپ، ئوغۇرلۇقچە چىققان ھاكىمبەگ ئەبەيدۇللا بىلەن ئامبالنىڭ ئوغلى سۇ لۇڭنى ئانارگۈل باشلىق قوزغىلاڭچىلار قولغا ئالدۇ ۋە ھەلقىنىڭ كۆز ئالدى قەتلە قىلدۇ.

ئامبال سۇ چېك بولسا ئازغىنا چېرىكلىرى بىلەن سېپىلنىڭ ئىچىگە سولۇنۇپ قالدۇ. ھاياتىدىن ئۈمۈدىنى ئۈزگەن قانخور ئامبال سېپىلنىڭ ئىچىدىكى دەرەختە ئېسىلىپ ئۆلۈۋالدۇ. چېرىكلەر يامۇلنىڭ قورال ئىسكىلاتىدىكى ئوق-دورىلارنى يېغىپ ھەممىسنى ئۆزلىرى بىلەن تەڭ پارتلىتىپ ھالاك بولۇشىدۇ.

گەرچە قوزغىلاڭچىلار غەلبە قىلغان بولسىمۇ بۇ تېخى جەڭنىڭ باشلىنىشى ئىدى. ئۇچتۇرپاننى مۇداپىيە قىلىشتىن باشقا ئەتراپتىكى رايونلاردىكى خەلقنى قوزغاش ئۈچۈن كۈچ ئەۋەتىش لازىم ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئەتىيازلىق تېرىلغۇ مەزگىلى بولۇپ، يەرلەرنى ئاق تاشلاپ قويۇشقا ھەرگىز بولمايتى.

دىخانلار بىر تەرەپتىن دىخانچىلىق ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولسا بىر تەرەپتىن ئۇچتۇرپاننى قوغداش غېمىدا ئىدى . شۇ چاغدا قەشقەت تەرەپتىن قەشقەر ئامبىلى نۇرغۇن لەشكەر تارتىپ ئۇچتۇرپانغا قاراپ يول ئالدۇ ، بەن تاخەي دىگەن ئاقسۇ ئامبىلمۇ خان لەشكەرلىرىنى باشلاپ يولغا چىقىدۇ.

رەخمۇتۇللا بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ دەرھال ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلدۇ، ئارىدىن بىر ئاي ئۆتكەندە ئۇرۇش شەرق ۋە غەربىپ تەرىپتىن تەڭلا باشلىنىدۇ.

رەخمۇتۇللانىڭ چوڭ ئوغلى ئەسمۇتۇللا قەشقەر تاغ يولىدىن كەلگەن لەشكەرلەرگە توراپ زەربە بىرىپ، نۇرغۇن قورال ئولجا ئالدۇ. ئىككىنچى ئوغلى ئامانۇللا بولسا يېڭى توي قىلغان ئايالى ئانارگۈل باشچىلىغىدىكى قوشۇن بىلەن ئاقسۇدىن كەلگەن چېرىكلەر بىلەن قاللىق جەڭ قىلدۇ. ئىككى سەپتىكى بۇ ئۇرۇش بىر ھەپتە داۋام قىلدۇ ۋە غەلبە بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان كۆرە جاڭجۈنى ئۇچتۇرپانغا 3 مىڭ تاللانغان خان قوشۇننى ئەۋەتىدۇ. بۇ قوشۇن ئۈچ تەرەپكە بۆلۈنۈپ ۋۇجۇمغا ئۆتىدۇ. ئاقسۇ سايلىغىدىن بېسىپ كىرگەن خان قوشۇنى بىلەن ئانارگۈل باش بولغان قوشۇن تۇتۇشىدۇ. قەھرىمان ئانارگۈل(بەزى ماتېرىياللاردا مايىمھان دەپ ئېلىنغان) تاللىۋالغان ئالتە قىز قوغدىغۇچىسى بىلەن قەھرىمانلارچە جەڭ قىلىپ، لەشكەرلەرنى ئاخىرى چېكىندۇردۇ.

ۋالەنكى قاتتىق غەزەپكە كەلگەن كۆرە جاڭجۈنى ئاخىرى پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سىلىپ، جەڭگە ئاتلىنىدۇ، ئۇچتۇرپان ئەتراپىدا خان لەشلەرلىرى خۇددى قاغا-قۇزغۇنلاردەك مىغىلداپ كېتىدۇ. يەنى ئونمىڭلىغان قوشۇن توپ-زەمبىرەكلەر بىلەن ۋۇجۇمغا ئۆتتۈپ، قاتتىق مۇداپىدە تۇرغان قەھرىمانئۇچتۇربان قوزغىلاڭچىلارنىڭ سېپىنى بۇزۇپ تاشلايدۇ.

قەھرىمان ئامانئۇللا كىندىك قىنى تۆكۈلگەن ئاشۇ مۇبارەك تۇپراقتا خان ئەسكەرلىرى بىلەن قانلىق جەڭ قىلىپ، قەقرىمانلارچە شېھىت بولىدۇ.

قوزغىلاڭچىلار ئارىدىكى بەزى تەسلىمچى مۇناپىقلار تەسلىمچىلىك يولىنى تۇتۇشقا باشلايدۇ لىكىن رەخمۇتۇللا ئاخىرچە جەڭ قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، قوزغىلاڭچىلار بىلەن بىرگە سېپىلغا چىقىپ جەڭ قىلىپ، جەڭدە شېھىت بولىدۇ. ئۇرۇشتا چوڭ ئوغلى ئەسمۇتۇللا قوماندانلىق قىلىدۇ. لىكىن خائىن سابىر بىلەن شاكىر دىگەنلەر ئۇزىنىڭ رەزىل ئەپتى-بەشىرىسىنى تولۇق ئاشكارلاپ، ئەسمۇتۇللانى قولغا ئېلىپ، باغلاپ خان لەشكەرلىرىگە تاپشۇرۇپ تەسلىپ بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن مىڭلىغان شېھىتلەرنى بەرگەن بۇ قوزغىلاڭ تەسلىمچىلىكنىڭ سەۋەبى بىلەن مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ ،تىراگىدىيەلىك ئاخىرلىشىدۇ.

لىكىن تارىختا ئاجايىپ كومىدىيەلىك ئىشلار بولىدىكەن، خان لەشكەرلىرى ئالدى بىلەن تەسلىمچى خائىن سابىر بىلەن شاكىرنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىپ، كاللىسىنى ئالدۇ، بۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككى خائىننىڭ ھاياتى شەمەندىچىلىك بىلەن ئاخىرلىشىدۇ، تەسلىم بولۇشنى خالىماي ئۇزۇل -كېسىل جەڭ قىلىش تەرەپتەرى بولغان ئەسمۇتۇللانىڭ ئۆلۈمى بولسا شەرەپلىك ، خەلقىمىز مەڭگۈ يان ئىتىدىغان ئۆلۈم بولىدۇ.

بۇ قوزغىلاڭغا قاتناشقان ئۇيغۇرلارنىڭ ئۈچتەن بىرى قىرغىن قىلىنغان بولۇپ، 10 مىڭدەك كىشى ئىلىغا سۈرگۈن قىلىنىدۇ، بۇ سۈرگۈن قىلىنغانلارنىڭ يىرىمى يوللاردا [illegible]قتىن، قەھرىتان سوغاقلارنىڭ دەستىدىن ئۆلۈپ كىتىدۇ. يۇرتلىرىدا قالغان ئايال ۋە ئۇششاق باللارنىڭ بېشىغا تېخىمۇ ئېغىر بالايى ئاپات كېلىدۇ.

ماشۇ چاغدا تاغلاردا مۆكۈنۈپ يۈرگەن ئانار گۈل قايتا يەنە تەشكىللىنىپ ئۆز ئەتراپىدىكى 6 قىز بىلەن خان لەشكەرلىرىگە قارشى پارتىزانلىق جەڭ ئېلىپ بارىدۇ.

ئانار گۈل ناھايىتى باتۇر قەلەمدىمۇ، ئەلەمدىمۇ يېتىشكەن قىز بولۇپ، ئۆزى ناھايىتى قاملاشقان. ئامانئۇللا بىلەن ئاز ۋاقىت بىرگە بولغان چاغلاردىكى ئۇمىدىنى، ياشلىق

ئەۋلاد گورۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قوليازمىلار ئامبىرى

ئارزۇلىرىنى، كەلگۈسى ئۈچۈن تۈزگەن پىلانلىرىنى يوشۇرغان بىر جۈپ قارا كۆزلىرىدە ئىنتىقام ئوتى چاقنىغان، بۇ باھادىر قىز قالغان غۇنچە قىز، زۆھرە گۈل، قەمبەرنىسا، گۈل ئايىم، ئەختەرنىسا، دىلبەر قىز قاتارلىق 6 قىز بىلەن بىرگە دۈشمەنگە تۈيۈقسىز زەربە بېرىپ، دۈشمەن چېرىكلىرى ئىچىدە رىۋايەتكە ئايلىنىدۇ.

خان لەشكەرلىرى ئارىسىدا ئانارگۈل (مايىمخان) توغرىسىدا "ئوق ئۆتمەيدىغان ئەۋلىيا قىز" دېگەن سۆز-چۆچەكلەر تارقىلىدۇ. ئانارگۈل باشچىلىقىدىكى 7 قىز ئات چاپتۇرۇپ، قىلىچلىرىنى ئوينىتىپ خان ئەسكەرلىرى ئارىسىغا بۆسۈپ كىرگەندە ، خان لەشكەرلىرىنىڭ سىپى بۇزۇلۇپ، ھەرتەرەپكە پىتىراپ قېچىشىدۇ. 7 قىزنىڭ ئاتلىرىنىڭ تۇياقلىرىدىن چىققان سادالار تاغ باغىرىدىكى سايلىقلارنى زىل-زىلىغا سالىدۇ. چىن سۇلالىسىنىڭ پادىشاسى چيەنلۇڭ (1711-1799) نىڭ ئەسكەرلىرى 1760-يىللىرى ئۈچتۇرپانغا بېسىپ كىلىپ، ئەلەنۇرخان (تارىختىكى مەشھۇر ئىپارخان) نى ئەسىرگە ئىلىپ، بېيجىڭغا ئىلىپ كېتىدۇ. پەرىزات سۈپەتلىك، ئىپار پۇرايدىغان بۇ قىز بولسا ئەمىر مۇھەممەتجان بىلەن ئەزىم ئەزىزە پاشا خېنىمنىڭ نەۋرىسى ئىدى. ئەلەنۇرخاننىڭ راھىنى ئۆزىگە ماھىل قىلىش ئۈچۈن پادىشانىڭ ساراي خوشامەتچىلىرىنىڭ پال سېلىشى بويىچە مۇسى ئالتۇن، يوپۇرمىغا كۆمۈش، شېخى پولات ، ھىدىي ئىپار" بولغان ئۈچتۇرپاننىڭ يەرلىك جىگدە كۆچىتىنى سارايغا كۆچۈرۈش ئۈچۈن لەشكەر بىشى سۇ چىك بىلەن ھاكىمبەگ ئەبەيدۇللاغا پەرمان چۈشۈرىدۇ.

شۇ چاغلاردا ھاكىمبەگ ئەبەيدۇللا بىلەن ئامبال سۇ چىك بىرلىشىپ، خالىغانچە ئادەم ئۆلتۈرۈپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مال-مۈلكىنى بۇلاپ، خوتۇن-قىزلىرىغا باسقۇنچىلىق قىلغان بۇ زوراۋانلىقىدىن، ئۈچتۇرپان خەلقىنىڭ چىدىغۇچىلىقى قالمىغان ئىدى. زالىملار خەلق ئۈستىدىكى سىلىقنى كۈن-كۆڭە كۆپەيتىپ، خەلقنى بىر تىرە، بىر ئۈستىخان قىلىپ قويغان ئىدى.

تارىختىكى قەھرىمانلارنىڭ ئىش-ئىزلىرىنى ئەسلەپ تۇرۇش بولسا داۋاملىق قىلىنغان ئىبادەتكە ئوخشايدۇ. چۈنكى تارىخ ئىنساننى تەپەككۇرگە باشلاپ، ئىنساننىڭ روھىنى پاكلايدۇ، ئىنسان روھىنىڭ كىرلىشىپ كېتىشتىن ساقلايدۇ.

شۇنداق قىلىپ بۇ گۈزەل 7 قىزنىڭ پارتىزانلىق ئۇرۇشى ئۈچ ئاي داۋام قىلىدۇ. ئاخىرى بۇ زەربىگە چىدىمىغان مىڭلىغان خان لەشكەرلىرى توم زەمبىرەكلەر بىلەن قوراللىنىپ، مۇلجەر تاغلىرىنى ئومۇمىي يۈزلۈك قورشاۋغا ئالىدۇ.

شېھىتلەر گۈلىستانى
يەتتە قىزلىرىم

بۇ جەسسۇر 7 قىز قەتئىي تەسلىم بولماي دۈشمەن بىلەن ئېلىشىدۇ ۋە تىك تاغ چوققىلىرىغا قاراپ ئىلگىرلەيدۇ، ئارقىدىن مىڭلىغان خان لەشكەرلىرى تاققا قاراپ يامىشىدۇ. ئۆزلىرىگە قاتتىق ھاردۇق يەتكەن بۇ 7 باھادىر قىز بەدەنلىرىدىكى يارىلىرىنىڭ ئاغرىغىنىمۇ تۇيماي، پۈتۈن كۈچى بىلەن تاغلاردىكى قۇرام تاشلارنى، چاشقانلاردەك ئۆمۈلەپ كىلىۋاتقان چېرىكلەر ئۈستىگە ياغدۇرۇپ، يۈزلىگەن ھەزلەك چېرىكلەرنىڭ مىجغىنى چىقىرىۋىتىدۇ ۋە كۈچلۈك تارتىلغان ئوقيا كىرەچلىرىدىن چىققان ئەڭ ئاخىرقى ئوقلار دۈشمەننىڭ يۈرىكىگە گاچ قىلىپ سانجىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىپلاس جانلىرىنى ئالىدۇ.

ئەمما تاغ باغرىدىكى چېرىكلەر چەبداس 7 قىزنىڭ نازۇك تەنلىرى ئۈستىگە زەمبىرەك ئوقلىرىنى ياغدۇرۇشقا باشلايدۇ. زەمبىرەك ئوقلىرىنىڭ زەربىسىدىن تاغلاردىكى قۇرام تاشلار پاختىدەك توزۇشقا باشلايدۇ. بۇ چاغدا چىرايىدىن تاغدىكى چولپاندەك نۇر تۆكۈپ تۇرىدىغان زۆھرە گۈل ئېغىر يارىلىنىدۇ. غۇنچە قىز بىلەن دىلبەر سەپدىشىنى دەرھال يۈلەپ قاپ-قارا بۇلۇتلار قاپلىغان تاغ چوققىسىغا قاراپ ئىلگىرلەيدۇ.

ئۆز غۇرۇرىنىڭ ئاياق ئاستى بولۇشىغا باش ئەگمىگەن، ياتقا بوي ئەگمەس ئىرادىنى ئۆزىگە مۇقەددەس دەپ بىلگەن بۇ ناتىۋان 7 قىز دۈشمەن بىلەن ھايات-ماماتلىق ئېلىشتا كىيىملىرى جۇل-جۇل تىتىلىپ كەتكەن ئىدى. بۇ گۈزەل نازۇك بەدەنلىرى دۈشمەن تىغلىرىنىڭ زەربىسىدىن تىلىۋېتىلگەن بولۇپ، يارا ئېغىزلىرىدىن چىققان ئىسسىق قانلىرى بىلەن ئىپپەتلىك پاك بەدەنلىرى نەملەنگەن ئىدى. مۇقەددەس ئېتىقادىنىڭ كۈچى بىلەن ، چەبدەسلىك بىلەن ئەپچىل ھەركەت قىلىۋاتقان باھادىر 7 قىزنىڭ بۇ قەھرىمانلىقىنى كۆز ئالدىغىزغا كەلتۈرسىڭىز ئۇلارغا ئالەمچە ئاپىرىن ئوقۇماي تۇرالمايسىز.

قورقماس، شىر يۈرەك 7 قىزنىڭ سىمبۇل چاچلىرى چۇۋۇلغان، لەۋلىرى قۇرۇغان، نەپەسلىرى سىقىلغان، كۆزلىرى ھارغىنلىقتىن ئولتۇرغان بولسىمۇ يەنىلا قەتئىي ئىرادىسىدىن يانمىغان، تەسلىمچىلىكنى ئۆزىگە نومۇس دەپ بىلگەن ھالەتتە تاغ چوققىسىدا مەردانە تىك تۇرىدۇ.

تاغ چوققىسىدىكى گۈرەلدەپ چىقىۋاتقان قاتتىق سوغاق شامال ئۇلارنىڭ چۇۋۇلغان قاپقارا چاچلىرىنى ئۇچۇرتۇم تۇراتتى. بۇ سىمبۇل چاچلار ئەلۋەتتە مۇھەببەت گۈلزارىنىڭ ئىشكىنى ئەمدىلا چەككەن ئەمەسمۇ؟ ئۇ يۇمران قاپ-قارا چاشلار تېخى ئۆز سۆيگىنىنىڭ مېھرى بىلەن سىلىشىغا قانمىغان ئىدىغۇ!

مانا شۇ تاپتا بۇ يۇمران چاشلار ئەڭ ئاخىرقى قىتىم ئۆز يارى بىلەن ۋىدالىشىۋاتقاندەك، پەرىشتە سۈپەتلىك 7 قىزنىڭ قىزىل ئالمىدەك يۈزلىرىنى ، تىترەپ تۇرغان لەۋلىرىنى تويماي ئارقا-ئارقىدىن سۆيۈۋاتاتتى. كۆك يۈزىدە دائىم پارلايدىغان قۇياشنىڭ پاقىراق يۈزىنى قاپلىغان قارا بۇلۇتلار بولسا ھەسرەتلىك ۋىدالىشىش ياشلىرى بىلەن گۈزەل 7 قىزنىڭ پارقىراق چاچلىرىنى نەمدىدى. تۆۋەن تەرىپتىن چىقىۋاتقان يۈزلىگەن خان لەشكەرلىرى لەش پۇراپ كەتكەن سىسىق بەدەنلىرى بىلەن ئاخىرى ئېرىشكەن ئولجىغا قول سېلىش ئۈچۈن ياۋۇزلۇق بىلەن يېقىنلاپ كەلدى. لېكىن جەڭگىۋار 7 قىز بۇ توخۇ يۈرەك ياللانما لەشكەرلەرنىڭ يۈرەكلىرىنى مۇجۇۋەتكەن بولغاچقا ئالدىراپ يېتىنالمىغان ئىدى.

ئۇيغۇرنىڭ باھادىر 7 قىزى ئاسمان بىلەن زىمىننىڭ ئارىسىدا ئۆزلىرىنى چارىسىز، ئامالسىز، ئاجىز ھېس قىلىشتى. ئۇلار ئەڭ ئاخىرقى قىتىم ئانا يۇرتى ئەزىززانە ئۈچ تۇرپاننىڭ گۈزەل بۇ مۇبارەك يۈزىگە مۇلجەر تېغىنىڭ چوققىسىدىن يەنە بىر قىتىم ئۇمۇدلىرى سۇنغان ھالدا نەزەر تاشلىدى. چېرىكلەر ئاستا-ئاستا سەبىرسىزلىق بىلەن قىستاپ كەلدى.

باھادىر 7 قىز تاغ چوققىسىنىڭ لېۋىگە كىلىپ، تۆۋەنگە قارايدۇ. تۆۋەن تەرەپ چەكسىز قاراڭغۇلۇقتا تولغان تېگى يوق ھاڭ ئىدى. بۇ ھاياتنىڭ گۈزەللىكلىرىدىن ھېچ بەھرىمان بولالمىغان 7 قىزنىڭ ئۇمۇتسىز كۆزلىرى بىر-بىرلىرى بىلەن ئەڭ ئاخىرقى قىتىم ئۇچراشتى. پۈتۈن تەبىئەت بۇ ئادەلەتسىزلىكنى، بۇ زۇلۇمنى، بۇ نامەرتلىكنى كۆرۈپ تۇرسىمۇ كۈچلۈكلەر، قانخورلار ئالدىدا بېشىنى سىلىپ، چاراسىز تۇردى. پەقەت 7 ئۇيغۇر قىزى، پەقەتلا ماشۇ قەھرىمان 7 قىز بۇ زۇلۇمغا، بۇ ئادالەتسىزلىككە باش ەي، يار لېۋىدە تىك تۇرغان ئىدى.

ۇدا ئانا ۋەتەن، ئەلۋىدا ئۇيغۇر مىللىتىم دېگەن 7 خىل نازۇك ئاۋاز تاغ چوققىسىدا ياڭراپ، كۆككە كۆتۈرۈلۈپ، ئەرشنى تىترەتتى، ئاندىن ئاستا تۆۋەنلەپ پۈتۈن ئانا

تۇپراقنىڭ يۈزىنى سىيلىدى، تۇپراق ئانا بۇلارغا گۇۋا بولۇش ئۈچۈن ۋەدە بەردى. شۇنىڭ بىلەن تەڭلا 7 قىزنىڭ نازۇك بەدىنى ھاڭغا شۇڭغۇدى. ئانا تۇپراق بىر سىلكىنىپ 7 قىزنىڭ مۇبارەك پاك بەدىنى ئۆزىنىڭ ئىللىق ئانىلىق باغرىغا باستى.

پەرىزات 7 قىزنىڭ قەھرىمانلىق بۇ روھى كۆككە كۆتۈرىلدى، كۆكتىكى بۇلۇتلارغا قوشۇلۇپ، يامغۇر دانچىلىرىغا ئايلانغان ئىدى، ھەر بىر تامچە بىر سۆز، بىر رىۋايەت، بىر ئەپسانە، بىر داستان بولۇپ تا بۈگۈنگە قەدەر ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ روھىنى پاكلىدى ، روھىنى كۆكەرتى.

مانا بۇ تارىخىمىزدىكى باھادىر 7 ئۇيغۇر قىزى.

مانا بۇ ئادالەتنىڭ يۈزىنى قاراڭغۇلۇقتىن يورۇقلۇققا چىقىرىش ئۈچۈن زۇلۇمغا قارشى كۈرەش قىلغان ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ روھى!.

مانا بۇ مىللىتىمىزنىڭ كۆزىدىكى ئۈمۈدلىرىنى، ئارزۇ-ئارمانلىرىنى يۇلۇپ ئالغان زالىملارغا قارشى كۈرەشتە ئۆز ھاياتىنى قۇربان قىلغان ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ روھى!

بۇ قەھرىمانلارنىڭ ئىش-ئىزلىرى ، ھېكايىلىرى مىڭلىغان قەھرىمان ئۇيغۇر ئوغۇل قىزلارنىڭ ھېكايىلىرىنىڭ پەقەت بىر قىسمى .

تارىخ بولسا ھاياتنىڭ ئەينىكى، تارىخ ئەۋلاتلارنىڭ ئۇستازى.

تارىختىكى قەھرىمانلارنىڭ ئىش-ئىزلىرىنى ئەسلەپ تۇرۇش بولسا داۋاملىق قىلىنغان ئىبادەتكە ئوخشايدۇ. چۈنكى تارىخ ئىنساننى تەپەككۇرگە باشلاپ، ئىنساننىڭ روھىنى پاكلايدۇ، ئىنسان روھىنىڭ كىرلىشىپ كېتىشتىن ساقلايدۇ.

گېرمانىيە 25.07.2015

مەنبە: باغداش مۇنبىرى

ئەسكەرتىش: ئۇيغۇر ئاكادېمىيىسى تور بېتىدىكى يازمىلار ئاپتورنىڭ ئۆزىنىڭ كۆز-قارىشىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. تور بېتىمىزدىكى يازمىلارنى مەنبەسىنى ئەسكەرتكەن ھالدا كۆچۈرۈپ كەڭ تارقىتىشقا بولىدۇ.

دوستانە ئۇلانمىلار – 2

ئالتۇن ئوق تورى

ۋەتىنىم مۇنبىرى

ئەلكۈن تورى

ئەۋلات تورى

ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئانا تىل تېلېۋىزىيەسى

دوستانە ئۇلانمىلار – 1

ئامېرىكا ئۇيغۇر ئاكادېمىيىسى

ياۋروپا ئۇيغۇر ئاكادېمىيىسى

ئاۋستىرالىيە ئۇيغۇر ئاكادېمىيىسى

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى

RFA ئۇيغۇرچە

ئۇيغۇر رادىئو تېلېۋىزىيەسى

ئاكادېمىيەنىڭ بۇرچى ۋە نىشانى

ئۇيغۇر ئاكادېمىيىسى - ئۇيغۇر زىيالىيلارنىڭ ئۆز ئارا ھەمكارلىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، ئۇيغۇر مىللىي روھىنى ئويغۇتۇش ۋە مىللىي كىملىكىنى قوغداش بىلەن بىرلىكتە، قۇتادغۇ بىلىگ ئېنىستىتوتى قۇرۇش ئۈنى ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن قۇرۇلغان بىر ئۇنىۋېرسىتېتقا ئايلاندۇرۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي مەۋجۇتلۇقىنى قوغداش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ھەر ساھەدە مىللەتكە يارامىلىق ياشلارنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان بىر ئىلمىي ئورگاندۇر.

ئۇيغۇر ئاكادېمىيىسى

ئاكادېمىيە ھەققىدە

ئاكادېمىيە ئەزالىقى

تور كۇتۇپخانىسى

تەۋپىق ئوقۇش مۇكاپاتى

ئىئانە

ئالاقە

© ئاكادېمىيە ئورگان تورى